# رامىزان روزىسى

بِسْــــــــمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ وبه نستعين

## رامىزان روزىسى بولسا ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ تۆتىنچى رۆكنى

قال الله تعالى: {يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ} [البقرة183]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى :ئەي ئىمان ئېيتقان كىشىلەر سىلەر تېخىمۇ تەقۋا بولۇپ گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئىلگىرىكىڭلارغا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى. سۈرە بەقەرە. 183 ئايەت.

بەزى ئالىملاردىن -

رامىزان روزىسى نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىنغان ؟ دەپ سورالغاندا :بايلار ئاچ قورساقلىقنىڭ تەمىنى تېتىشى ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاچ قالغانلارنى ئۇنۇتمايدۇ ، دەپ جاۋاب بەردى.

## جەننەتتە روزىدارلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئىشىك بار

فعن أبي هريرة رضي الله تعالى عنه قال: قال رسول الله ﷺ: « ومَن كان من أهلِ الصيامِ دُعِيَ من بابِ الرَّيَّانِ، » صحيح البخاري [1897]، وصحيح مسلم [1027]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:كىم روزا ئەھلىدىن بولسا رەييان ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## مۇسۇلمان روزىسىنى ھەر قانداق يامان ئىش ۋە بۇزۇق گەپ سۆزلەردىن ساقلىشى كېرەك

فعن أبي هريرة رضي الله تعالى عنه أن رسول الله ﷺ قال: «الصيامُ جُنَّةٌ، فلاَ يَرْفُثْ ولا يصخب ولا يَجهلْ. وإنِ امْرُؤٌ قَاتلهُ أوْ شاتَمَهُ، فَليَقُلْ إني صائمٌ مَرَّتَينِ. والذي نَفسي بيدهِ لخلوفُ فمِ الصائمِ أطيبُ عِندَ الله تعالى منْ ريحِ المِسكِ، يَترُكُ طعامَهُ وشرابَهُ وشهوتَهُ منْ أجْلِي، الصيَامُ لِي وأنا أجزِي بهِ، والحسنةُ بعشرِ أمْثالِهَا» صحيح البخاري [1894]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىياللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : روزا قالقاندۇر، روزدار كىشى بۇزۇق، يامان سۆز قىلمايدۇ، ۋارقىراپ جارقىراپ ئۇرۇشمايدۇ، قوپاللىق قىلمايدۇ، ۋە بىر كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا ياكى تىللاشسا، مەن روزدار دەپ ئىككى قېتىم دېسۇن، مېنىڭ نەپسىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە روزدارنىڭ ئاغزىدىكى پۇراق ئىپارنىڭ پۇرىقىدىن ياخشىراقتۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، روزدار كىشى مەن ئۈچۈن يېمەك ئىچمەكنى ۋە شەھۋىتىنى تەرك ئېتىدۇ،روزا پەقەت مەن ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن بېرىمەن،بىر ياخشىلىق ئون ھەسسە بىلەن . بۇخارى رىۋايىتى.

## ھەقىقىي قوبۇل بولىدىغان روزا شۇكى

ئەزالارنىڭ گۇناھلىرىدىن يىغىلىشى، تىلنىڭ يالغان سۆز ۋە بۇزۇق سۆزدىن يىغىلىشى، قورساقنىڭ يېمەك ئىچمەكتىن يىغىلىشى، ئەۋرەتنىڭ ئاياللار بىلەن بىللە بولۇشتىن يىغىلىشى.

## روزا بولسا ئىككى دۇنيادىكى خۇشاللىقىمىزنىڭ ئاچقۇچىدۇر

ففي الحديث المتفق عليه عن أبي هريرة ﷺ أن النبي ﷺ، قال: (للصائم فرحتان: فرحة عند فطره، وفرحة عند لقاء ربه)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: روزىدار كىشى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار. بىرى ئىپتار قىلغان چاغدا،يەنە بىرى بولسا ئۆز رەببى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا . بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى .

ئىپتار قىلغان چېغىمىزدا بۇ روزا ئىبادىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىمىزغا ۋە ئالللاھنىڭ بىزلەرنى مۇشۇ ئىبادەتكە مۇيەسسەر قىلغىنىغا،ۋە يەنە كۈندۈزلىرى بىز يېيىشتىن چەكلەنگەن يېمەك ئىچمەكلەرنى يېيەلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇشال بولىمىز.

ئاخىرەت كۈنىدە ئۆز رەببىمىز بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا بولسا،بىز ساۋاپ ئەجىرلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە، مۇشۇ دۇنيادىكى تۇتقان روزىمىزنىڭ ساۋاب مۇكاپاتىنى تولۇق ئالغىنىمىزدا خۇشال بولىمىز.

## رامىزان ئېيىدا جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ

عن أنس ﷺ أن النبي ﷺ قال : " هذا شهر رمضان جاءكم تفتح فيه أبواب الجنة وتغلق فيه أبواب النار وتسلسل فيه الشياطين " صححه الألبانى فى صحيح سنن النسائى

ئەنەس رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:مانا بۇ رامىزان ئېيى سىلەرگە كەلدى، بۇ ئايدا جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ، ۋە دوۋزاق ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، ۋە بۇ ئايدا شەيتانلار زەنجىر كىشەن سېلىنىدۇ. سەھىھ ھەدىس.

عن أبي هريرة ﷺ أن النبي ﷺ قال :" إذا كان أول ليلة من شهر رمضان صفدت الشياطين ومردة الجن ، وغلقت أبواب النار فلم يفتح منها باب ، وفتحت أبواب الجنة فلم يغلق منها باب ، وينادى مناد كل ليلة : يا باغي الخير أقبل ويا باغي الشر أقصر ، ولله عتقاء من النار وذلك كل ليلة "وصححه الألبانى فى صحيح الترغيب والترهيب

ئەبۇ ھۇرەيرە، رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: رامىزان ئېيىدىن تۇنجى كېچە كەلسە، شەيتانلار ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى جىنلار زەنجىر كىشەن سېلىنىدۇ، دوزاقنىڭ

ئىشكىلىرى بىرسىمۇ ئىچىلىپ قالماي تاقىلىدۇ.جەننەتنىڭ ئىشكىلىرى بىرسىمۇ تاقىلىپ قالماي ئىچىلىدۇ، ۋە ھەر كىچىسى مۇنداق دەپ نىدا قىلىنىدۇ:

ئەي ياخشىلىقنى ئىزدىگۈچى، كەلگىن، ئەي يامانلىقنى ئىزدىگۈچى ، يىغىلغىن..ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ھەر كىچە دوزاختىن ئازاد قىلىنغۇچىلار بولىدۇ. سەھىھ ھەدىس.

## رامىزان روزىسى بۇرۇنقى گۇناھلارنى يۇيىدۇ

عن أبي هريرة ﷺ ، أن رسول الله ﷺ كان يقول "الصلواتُ الخمسُ ، والجمعةُ إلى الجمعةِ ، ورمضانُ إلى رمضانَ ، مكفِّراتُ ما بينهنَّ إذا اجتَنَبَ الكبائر" أخرجه مسلم في صحيحه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:بەش ۋاقىت ناماز،جۇمە كۈنىدىن جۇمە كۈنىگىچە، ۋە رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلا بولسا، ئۇششاق گۇناھلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇلىدۇ . مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## قۇرئان كەرىمنىڭ رامىزان ئىيىدا نازىل بولغانلىقى مۇشۇ ئاي ئۈچۈن شەرەپتۇر

شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَىٰ وَالْفُرْقَانِ ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، [بەقەرە – 185]

رامىزان ئىيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يىتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئىيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ

(تۈتمىغان بولسا، تۈتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۈتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ.

## مىلىك ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى رامىزان ئېيىدىن ئىزدەڭ

إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ، وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ ،لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ، تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ، سَلَامٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطْلَعِ الْفَجْرِ.

بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىركېچىسى نازىل قىلدۇق، قەدىركېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟قەدىركېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر،پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا الله تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ، شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام بۇخارىدا كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :قەدىر كېچىسىنى ئاخىرىدىكى ئون كۈننىڭ تاق كۈنلىرىدە ئىزدەڭلار. دېگەن.

## رامىزان ئېيىدىكى تەراۋىھ نامىزىنى قولدىن بەرمەڭ

عن أبي هريرة أن رسول الله ﷺ قال : " من قام رمضان إيمانا واحتسابا ، غفر له ما تقدم من ذنبه "متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيالاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:كىمكى رامىزاندا ئىيمان بىلەن ئاللاھ رىزالىقىنىلا كۆزلەپ قىيامدا تۇرغان بولسا،ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ .بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## رامىزان ئېيىدا كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنتۇلغان چوڭ سۈننەت بولسا ئېتىكاپتۇر

عن عائشة ﵂ ، " أن النبي ﷺ ، كان يعتكف العشر الأواخر من رمضان حتى توفاه الله ، ثم اعتكف أزواجه من بعده " أخرجه البخاري في صحيحه

ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا تۇراتتى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئاياللىرى ھەم ئېتىكاپتا تۇرۇپ كەلدى. بۇخارى رىۋايىتى،

ئېتىكاپ بولسا پۈتۈن ۋاقىتنى ئىبادەت بىلەن مەسچىتتە ئۆتكۈزۈش دېمەكتۇر، بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىت ۋە ياكى ئۆيلەردە ئېتىكاپ ئادا تاپمايدۇ.

## رامىزان ئېيى دېمەك قۇرئان ۋە سەدىقە ئېيى دېمەكتۇر

وفي حديث فاطمة ﵂ عن أبيها أنه أخبرها أن جبريل عليه السلام كان يعارضه القرآن كل عام مرة و أنه عارضه في عام وفاته مرتين [ البخاري 3624 و مسلم 2450]

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ، ھەقىقەتەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزدىن ھەر رامىزاندا بىر قېتىم قۇرئاننى تىڭشاپ ئۆتكىزىۋالاتتى، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەن يىلى ئىككى قېتىم تىڭشاپ ئۆتكىزىۋالغان ، بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

في الترمذي عن النبي ﷺ: "سئل أي الصدقة أفضل؟"، قال: صَدَقَةٌ فِي رَمَضَانَ

تىرمىزىدىكى بىر رىۋايەتتە پەيغەمبىرىمىزدىن قايسى سەدىقە ئەڭ ياخشى ؟ دەپ سورالغاندا ، رامىزاندىكى سەدىقە ، دەپ جاۋاپ بەردى،

وثبت في الصحيحين عن ابن عباس ﵄ قال: "كان رسول الله ﷺ أجود الناس، وكان أجود ما يكون في رمضان، حين يلقاه جبريل، فيدارسه القرآن. وكان جبرائيل يلقاه كل ليلة من شهر رمضان، فيدارسه القرآن، فَلَرسول الله أجود بالخير من الريح المرسلة" ورواه أحمد، وزاد: "ولا يُسأل شيئًا إلا أعطاه"

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايەتتە  ئابدۇللا ئىبنۇ ئابباس مۇنداق دېگەن ،پەيغەمبىرىمىز كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخى،قولى ئوچۇق كىشى ئىدى،ۋە رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچۇرشۇپ تۇرغان چاغدا تېخىمۇ بەك سېخى بولۇپ كېتەتتى،ۋە  جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ھەركېچىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچۇرشۇپ قۇرئان ئۆگىتەتتى ،ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىز  ياخشىلىققا مەيىن شامالدىنمۇ تېز ھەم سېخى ئىدى،

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە زىيادە قىلىنىپ ، پەيغەمبىرىمىزدىن بىرە نەرسە سورالسا بەرمەي قالمايتتى ، دېگەن ،

**مەقسەتكە كەلسەك**

رامىزان ئېيىغا بىر قانچە كۈنلا قالدى، بۇ ئاينىڭ پەزىلىتىنى،ۋە بۇ ئايدا قىلىنغان ياخشىلىق ۋە ئىبادەتلەرگە باشقا ئايلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەجىر ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقىنى غەنىمەت بىلەيلى، ۋە ئاللاھنىڭ بىزنى مۇشۇ پەزىلەتلىك ئۇلۇغ ئايغا ساق سالامەت يەتكۈزگەنلىكىگە سان ساناقسىز ھەمدىلەر بولسۇن ۋە ئاللاھتىن مۇشۇ ئۇلۇغ ئايدا غەپلەتتىن ئويغۇنۇپ، تائەت ـ ئىبادەتتە ئۆلگىچە سابىت قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز ، ئامىن.

تارقىتىپ ئەجىرگە ئېرىشىڭ